# قۇدرەتلىك پارتىيە ئۆزى ئۈستىدە ئىنقىلاب قىلىش داۋامىدا تاۋلىنىپ چىققان

(بېشى 1 - بەتتە)

جۇڭگو كوممۇنىستىك پارتىيەسىنىڭ ئۇلۇغلۇقى خاتالىق ئۆتكۈزمىگەنلىكىدە بولماستىن، بەلكى ئەزەلدىن كېسەلنى يوشۇرمىغانلىقى، داۋالىنىشتىن باش تارتمىغانلىقىدا، دادىللىق بىلەن مەسىلىگە بىۋاسىتە يۈزلەنگەنلىكىدە، باتۇرلۇق بىلەن ئۆزى ئۈستىدە ئىنقىلاب قىلغانلىقىدا، ئىنتايىن كۈچلۈك ئۆزىنى ئەسلىگە كەلتۈرۈش ئىقتىدارىغا ئىگە ئىكەنلىكىدە.

پارتىيە 18 - قۇرۇلتىيىدىن بۇيان، پارتىيەنى ئومۇميۈزلۈك قاتتىق ئىدارە قىلىش نەتىجە - ئۈنۈمى كۆرۈنەرلىك بولدى، پۈتۈن مەملىكەت خەلقى يۈكسەك باھا بەردى. بۇ قېتىمقى پۈتۈن پارتىيەدە قانات يايدۇرۇلغان باش تېما تەربىيەسى مۆلچەرلىگەن مەقسەتكە يېتىپ، مۇھىم، زور نەتىجىگە ئېرىشتى. لېكىن شۇنىمۇ كۆرۈش كېرەككى، پارتىيەنىڭ ئۆزى ئۈستىدە ئىنقىلاب قىلىشىدا ۋەزىپە ئېغىر، يول يىراق، قەتئىي توختاپ قېلىش، ئارام ئېلىش ئويىدا بولۇشقا بولمايدۇ. ھازىر، ئاز ساندىكى پارتىيە ئەزالىرى - كادىرلارنىڭ ئۆزى ئۈستىدە ئىنقىلاب قىلىش روھى سۇسلىشىپ قالدى، ھازىرقى ھالىتىدىن قانائەتلىنىپ، ئەپلەپ - سەپلەپ كۈن ئۆتكۈزۈۋاتىدۇ؛ بەزىلەرنىڭ مەسىلىلەرنى تەكشۈرۈش - كۆزىتىش ئىقتىدارى چېكىنىپ كەتتى، ئۆز پايدا - زىيىنىنىلا ئويلىشىپ، كېسەلنى يوشۇرۇپ داۋالىنىشتىن باش تارتىۋاتىدۇ؛ بەزىلىرىنىڭ تەنقىد قىلىش ئىقتىدارى ئاجىزلاپ كەتتى، ئۇستاتلىق قىلىپ ئۆزىنى ئاياپ، گاس - گاچا بولۇۋېلىۋاتىدۇ؛ بەزىلىرى ئەيش - ئىشرەتكە بېرىلىپ چىرىكلىشىپ كەتتى، ئىنتىزامنى قىلچە كۆزگە ئىلمايدۇ، ھەتتا قارشىلىشىپ ئىنتىزامغا خىلاپلىق قىلىۋاتىدۇ، پارتىيە ئىنتىزامى ۋە مەركەزنىڭ سەككىز تۈرلۈك بەلگىلىمىسىنىڭ روھىغا خىلاپ مەسىلىلەر چەكلىسىمۇ تۈگىمەيۋاتىدۇ؛ قەدىمكىلەر مۇنداق دېگەن: «جاھاندا ساقلاش ئەڭ تەس بولغىنى قەلب، جاھاندا ئەڭ ئاسان ئېزىقتۇرۇشقا ئۇچرايدىغىنى نەپس». «كۆڭۈل ئوغرىسى» پەيدا بولغان ھامان، ئۆزى ئۈستىدە ئىنقىلاب قىلىش ئىرادىسى سۇسلىشىدۇ، ئەسلىي مەقسەتكە خىلاپلىق قىلىپ، بۇرچنى ئۇنتۇپ قالىدۇ، ئىنتىزام تۆۋەن چېكىدىن بۆسۈپ ئۆتىدۇ، ھەتتا قانۇنغا خىلاپلىق قىلىپ جىنايەت ئۆتكۈزىدۇ. يېڭى دەۋردىكى پارتىيەنىڭ ئۆزى ئۈستىدە ئىنقىلاب قىلىشنى چوڭقۇرلاشتۇرۇپ، ئەسلىي مەقسەت ۋە بۇرچقا خىلاپ تۈرلۈك مەسىلىلەرنى ھەقىقىي ھەل قىلىپ، پارتىيەنىڭ ئىلغارلىقىنى ئاجىزلاشتۇرىدىغان، پارتىيەنىڭ ساپلىقىغا زىيان يەتكۈزىدىغان بارلىق ئامىللارنى قەتئىي تازىلىغاندىلا، ئاندىن پارتىيەنى باشتىن - ئاخىر دەۋرنىڭ ئالدىدا ماڭىدىغان، خەلق چىن كۆڭلىدىن ھىمايە قىلىدىغان، باتۇرلۇق بىلەن ئۆزى ئۈستىدە ئىنقىلاب قىلىدىغان، تۈرلۈك بوران - چاپقۇنلارنىڭ سىنىقىدىن ئۆتەلەيدىغان، كۆتۈرەڭگۈ، روھلۇق ماركسىزملىق ھاكىمىيەت يۈرگۈزگۈچى پارتىيە قىلىپ قۇرۇپ چىققىلى بولىدۇ.

ئەسلىي مەقسەتنى تۇرغۇزۇش ئاسان، باشتىن - ئاخىر ساقلاش قىيىن. پۈتۈن پارتىيەدىكى يولداشلار باش شۇجى شى جىنپىڭ ئوتتۇرىغا قويغان ئېنىق تەلەپ بويىچە، جەزمەن باشتىن - ئاخىر يۈكسەك ئىنقىلابىي غايە ۋە تولۇپ تاشقان ئىنقىلابىي كۈرەش ئىرادىسىنى ساقلاپ، تەنقىد ۋە ئۆز - ئۆزىنى تەنقىد قىلىشتىن ئىبارەت بۇ ئۆتكۈر قورالنى ياخشى ئىشلىتىپ، ئىستىلنى توغرىلاش، ئىنتىزامنى چىڭىتىش، چىرىكلىككە قارشى تۇرۇشنى قەتئىي بوشاشماي ياخشى تۇتۇپ، پارتىيەنىڭ ئۆزىنى پاكلاشتۇرۇش، ئۆزىنى مۇكەممەللەشتۈرۈش، ئۆزىنى يېڭىلاش، ئۆزىنى يۈكسەلدۈرۈش ئىقتىدارىنى ئۈزلۈكسىز كۈچەيتىپ، پارتىيەنىڭ ئۆلىنى تەۋرەتمەستىن، پارتىيە ئىشلىرىغا توسالغۇ بولۇش ئېھتىماللىقى بولغان بارلىق ھادىسىلەرگە قارشى قەتئىي كۈرەش قىلىشى، پارتىيە تېنىگە يېپىشىۋالغان بارلىق مەينەت نەرسىلەرنى تازىلاپ، پارتىيەمىزنى تېخىمۇ مۇستەھكەم، كۈچلۈك قىلىپ قۇرۇپ چىقىشىمىز كېرەك.

دادىللىق بىلەن مەسىلىگە بىۋاسىتە يۈزلىنىش، باتۇرلۇق بىلەن خاتالىقنى تۈزىتىش پارتىيەمىزنىڭ ئەڭ روشەن ئالاھىدىلىكى ۋە ئەۋزەللىكى. يېڭى مۇساپىدە ئەسلىي مەقسەت، بۇرچنى باشتىن - ئاخىر ئەستە چىڭ ساقلاپ، ئۆزىمىز ئۈستىدە ئىنقىلاب قىلىشنى ئۈزلۈكسىز ئالغا سىلجىتساق، بىز چوقۇم ئۈزلۈكسىز تۈردە پارتىيەنىڭ ئىدىيەسىنى ساپلاشتۇرۇپ، پارتىيە تەشكىلىنى ساپلاشتۇرۇپ، پارتىيە ئىستىلىنى ساپلاشتۇرۇپ، پارتىيەنىڭ تېنىنى ساپلاشتۇرۇپ، پارتىيە خەلققە رەھبەرلىك قىلىپ ئېلىپ بارغان ئۇلۇغ ئىجتىمائىي ئىنقىلابتا تۈرتكە بولۇش داۋامىدا يېڭى تېخىمۇ زور مۆجىزە يارىتالايمىز.

(شىنخۇا ئاگېنتلىقى، بېيجىڭ، 1 - ئاينىڭ 11 - كۈنى تېلېگراممىسى)

# پارتىيە قۇرۇلۇشىنى كۈچەيتىشنىڭ مەڭگۈلۈك تېمىسى

(بېشى 1 - بەتتە)

پۈتۈن پارتىيەدە «ئەسلىي مەقسەتنى ئۇنتۇماي، بۇرچنى ئەستە چىڭ ساقلاش» باش تېما تەربىيەسىنى قانات يايدۇرۇش پارتىيە 19 - قۇرۇلتىيىدا ئوتتۇرىغا قويۇلغان مۇھىم، زور تەدبىر. مەركەزنىڭ ئورۇنلاشتۇرۇشى، ئورۇنلاشتۇرمىسى بويىچە، ئاپتونوم رايونلۇق پارتكوم يۇقىرىدىن تۆۋەنگىچە ئىككى تۈركۈمگە بۆلۈپ، پۈتۈن ئاپتونوم رايوندىكى پارتىيە ئەزالىرى - كادىرلار ئارىسىدا باش تېما تەربىيەسىنى قانات يايدۇردى. ئاپتونوم رايون رەھبەرلىرىنىڭ باشلامچىلىقىدا، ھەر دەرىجىلىك پارتىيە تەشكىلاتلىرى، كەڭ پارتىيە ئەزالىرى - كادىرلار باش شۇجى شى جىنپىڭنىڭ باش تېما تەربىيەسى توغرىسىدىكى مۇھىم سۆزى ۋە مۇھىم يوليورۇقىنىڭ روھىنى چوڭقۇر ئۆگىنىپ، ئىزچىللاشتۇرۇپ، تۈپ ۋەزىپە، ئومۇمىي تەلەپ ۋە كونكرېت نىشانىنى زىچ چۆرىدەپ، ئۆگىنىش - تەربىيە، تەكشۈرۈپ تەتقىق قىلىش، مەسىلىلەرنى تەكشۈرۈش - كۆزىتىش، تۈزىتىش - ئەمەلىيلەشتۈرۈشنى باشتىن - ئاخىر سىڭدۈرۈپ، باش تېما تەربىيەسىدە كۆرۈنەرلىك نەتىجە - ئۈنۈم ھاسىل قىلىشقا تۈرتكە بولدى. باش تېما تەربىيەسى ئارقىلىق ھەر دەرىجىلىك پارتىيە تەشكىلاتلىرى ۋە كەڭ پارتىيە ئەزالىرى - كادىرلار نەزەرىيە بىلەن قوراللىنىشنى يەنىمۇ كۈچەيتىپ، ئىدىيە جەھەتتە تاۋلىنىشنى قوبۇل قىلدى؛ پارتىيەۋىلىك تەربىيەلىنىشى جەھەتتىن چېنىقىپ، سىياسىي يۈكسەكلىكنى ئۆستۈردى؛ گەۋدىلىك مەسىلىلەرنى تۈزەپ، ئۆزى ئۈستىدە ئىنقىلاب قىلىشنى ئالغا سىلجىتتى؛ خەلق ئۈچۈن خىزمەت قىلىش ئاساسىي مەقسىتىنى ئەمەلىيەتتە كۆرسىتىپ، قان بىلەن گۆشتەك مۇناسىۋەتنى كۈچەيتتى؛ ئەمەلىيەتچىل بولۇش ئىستىلىنى ئەۋج ئالدۇرۇپ، پاكلىق مۇداپىئە سېپىنى مۇستەھكەملىدى؛ قۇدرەتلىك ھەرىكەتلەندۈرگۈچى كۈچنى ئۇرغۇتۇپ، تۈرلۈك خىزمەتلەرگە تۈرتكە بولدى. بۇنى ئاپتونوم رايونىمىزدىكى ھەر مىللەت ئامما تولۇق ئېتىراپ قىلدى، جەمئىيەتتىكى ھەر ساھە ئىجابىي باھا بەردى.

جان - دىل بىلەن خەلق ئۈچۈن مۇلازىمەت قىلىشنىڭ چېكى يوق، پارتىيەنىڭ ئىستىل قۇرۇلۇشىنى كۈچەيتىش مەڭگۈ داۋاملىشىدۇ. ئاممىنىڭ ئەڭ ئەنسىرەيدىغىنى تەربىيەنىڭ بىردەملىك شامال بولۇپ قېلىشى، يەر يۈزىنىلا نەمدىگەن يامغۇر بولۇپ قېلىشى، ئەڭ ئارزۇ قىلىدىغىنى دائىملىق ھالەتنى ساقلاپ، ئۇزاق ئۈنۈملۈك مېخانىزم شەكىللەندۈرۈش. بۇ قېتىمقى باش تېما تەربىيەسى ھازىر ئاساسىي جەھەتتىن ئاخىرلاشتى، لېكىن ئەسلىي مەقسەتنى ئۇنتۇماي، بۇرچنى ئەستە چىڭ ساقلاش بىردەملىك ئىش بولماستىن، بەلكى ئۆمۈرلۈك ئىش، بىز چوقۇم ئىشنى ياخشى باشلاپ، ياخشى ئاخىرلاشتۇرۇپ، ئىشتا ياخشى نەتىجە قازىنىشقا ماھىر بولۇپ، ۋايىغا يەتكۈزۈپ پۈتتۈرۈپ، پارتىيەنى ئومۇميۈزلۈك قاتتىق ئىدارە قىلىش تەلىپىنى ھەقىقىي جايىدا ئەمەلىيلەشتۈرۈشىمىز كېرەك. ھەربىر پارتىيە ئەزاسى ئىدىيەدە، سىياسىيدا ئۆزىنى ئۈزلۈكسىز تەكشۈرۈپ - كۆزىتىشى، تەھلىل قىلىشى، چوڭقۇر ئويلىنىشى، ئۈزلۈكسىز تۈردە ئاربىلاشما ماددىلارنى تېرىۋېتىشى، ۋىرۇسنى يوقىتىشى، بۇلغىنىشتىن ساقلىنىشى كېرەك؛ دائىم ئىدىيە، سىياسىي جەھەتتە سالامەتلىكنى تەكشۈرتۈپ تۇرۇشى، پارتىيە مەركىزىي كومىتېتىنىڭ تەلىپىگە «توغرىلىنىشى»، پارتىيە نىزامنامىسى، پارتىيە قائىدىسى بىلەن «سكانىرلىنىشى»، خەلق ئاممىسىنىڭ يېڭى ئارزۇسىدىن ئىبارەت «رېنتگېنگە چۈشۈشى»، ئەجدادلار، ئىنقىلابىي قۇربانلار، ئىلغار تىپلار بىلەن «سېلىشتۇرۇشى» كېرەك؛ پارتىيەنىڭ يېڭىلىق يارىتىشچان نەزەرىيەسى ئارقىلىق ئەسلىي مەقسەتنى ئوزۇقلاندۇرۇپ، بۇرچنى يېتەكلەپ، پارتىيەنىڭ ئۆزگىچە تارىخىدىن ئەسلىي مەقسەتنى ئىزدەپ، بۇرچنى رىغبەتلەندۈرۈپ، پارتىيە ئىچىدىكى سىياسىي تۇرمۇشنى چىڭىتىش داۋامىدا ئەسلىي مەقسەتنى تاۋلاپ، بۇرچنى چۈشىنىپ، ئەسلىي مەقسەت ۋە بۇرچنى جاسارەت بىلەن ئالغا بېسىش، يول ئېچىپ يېڭىلىق يارىتىشتىكى جۇشقۇنلۇق ۋە ھاياتىي كۈچكە ۋە باش چۆكۈرۈپ جاپالىق ئىشلەش، ھەقىقىي تۇتۇپ ئەمەلىي ئىشلەشنىڭ ئەسلىي ھەرىكەتلەندۈرگۈچ كۈچىگە ئايلاندۇرۇشى كېرەك.

ئەسلىي مەقسەتنى ئۇنتۇمىغاندىلا پۇختا قەدەم بىلەن يىراققا يۈرۈش قىلغىلى بولىدۇ، بۇرچنى ئەستە چىڭ ساقلىغاندىلا ئاندىن كەلگۈسىنى يارىتقىلى بولىدۇ. پۈتۈن ئاپتونوم رايوندىكى ھەر دەرىجىلىك پارتىيە تەشكىلاتلىرى ۋە كەڭ پارتىيە ئەزالىرى - كادىرلار ئۈزلۈكسىز تۈردە «تۆت ئاڭ»نى كۈچەيتىپ، «تۆت ئىشەنچ»نى چىڭىتىپ، «ئىككىنى قوغداش»نى ئىشقا ئاشۇرۇپ، يولداش شى جىنپىڭ يادرولۇقىدىكى پارتىيە مەركىزىي كومىتېتىنىڭ ئەتراپىغا تېخىمۇ زىچ ئىتتىپاقلىشىپ، ئەسلىي مەقسەتنى ئۇنتۇماي، بۇرچنى ئەستە چىڭ ساقلاشنى پارتىيە قۇرۇلۇشىنى كۈچەيتىشنىڭ مەڭگۈلۈك تېمىسى، بارلىق پارتىيە ئەزالىرى - كادىرلارنىڭ ئۆمۈرلۈك تېمىسى قىلىپ، باشتىن - ئاخىر ئەسلىي مەقسىتى ئۆزگەرمەس، ئىرادىسى ئۆزگەرمەس، ئەقىدىسى ئۆزگەرمەس، ئىشەنچىسى ئۆزگەرمەس... مۇستەھكەم بولۇش، بۇرچى زىممىسىدە بولۇشنى ئىشقا ئاشۇرۇپ، ئۈزلۈل - كېسىل ئۆزى ئۈستىدە ئىنقىلاب قىلىش روھى ئارقىلىق پارتىيە قۇرۇلۇشىدىن ئىبارەت يېڭى ئۇلۇغ قۇرۇلۇشنىڭ چوڭقۇر تەرەققىياتىغا تۈرتكە بولۇپ، جۇڭخۇا مىللىتىنىڭ ئۇلۇغ گۈللىنىشىدىن ئىبارەت جۇڭگو ئارزۇسىنىڭ شىنجاڭ سەھىپىسىنى پۈتۈشتىكى قۇدرەتلىك كۈچنى ئۈزلۈكسىز مۇجەسسەملىشى كېرەك.

تۆۋەنكى مەكتت كەنتى:

# ماھارەت ئۆگىنىپ ئېنېرگىيە تولۇقلاشقا ئالدىراش قىشتىكى بوش ۋاقىتنى قىشتىكى ئالدىراش ۋاقىتقا ئايلاندۇرۇش

(بېشى 1 - بەتتە)

ئىلگىرى، بەزى كەنت ئاھالىلىرى ھەر كۈنى قول قوۋۇشتۇرۇپ بىكار يۈرەتتى، بۈگۈنكى كۈندە كۈچەپ ئىشلەيدىغان بولدى. بىز تۆۋەنكى مەكتت كەنتىنىڭ كوچىلىرىنى ئارىلاپ زىيارەت قىلغاندا، بىكارچىلارنى ئۇچرىتالمىدۇق. كەنت ئېغىزىدىكى ئىشقا ئورۇنلىشىش بازىرىنىڭ دوقمۇشىغا جايلاشقان بىر چوڭ سىنىپنىڭ ئالدىغا كەلگەندە، توختىماي چىقىۋاتقان كۈلكە ئاۋازىنى ئاڭلاپ، ئىشىكنى چېكىپ ئىچىگە كىردۇق، بىر توپ ياش ئۇستىلىنىڭ ئەتراپىغا ئولىشىپ قاچا - قۇچىلارنى تىزىشنى مەشىق قىلىۋېتىپتۇ، ئەسلىدە بۇ يەردە ئاشخانا(مېھمانساراي) مۇلازىمەت كەسپى بويىچە ماھارەت تەربىيەلەش كۇرسى ئېچىلغان ئىكەن.

ئۈچتۇرپان ناھىيەلىك كەسپىي تېخنىكا مەكتىپىنىڭ ئوقۇتقۇچىسى لۇۋ شيۇخۇا بىر تەرەپتىن، چىنە - تەخسە، چوكا قويغۇچ، رومكا، ئىستاكان قاتارلىقلارنى ئۈلگە كۆرسىتىپ تىزىپ، يەنە بىر تەرەپتىن، كۇرسانتلاردىن سوئال سوراۋاتاتتى. دوسكىغا تاماق ئۈستىلىدىكى ئىستاكان گۈلى ۋە تەخسە گۈلىنىڭ تۈرلىرى ھەم ئاشخانا ۋە ياتاق مۇلازىمىتىدىكى ئەدەپ سۆزلىرى يېزىلغانىدى.

كەنت ئاھالىسى ئاينۇرەم ياسىن دەرس جەدۋىلىدىكى «پەتنۇسنى ئىشلىتىش ئۇسۇلى»، «سالفىتكىدا گۈل قاتلاش» قاتارلىق دەرسلەرنى كۆرسىتىپ تۇرۇپ مۇنداق دېدى: بۇ قېتىمقى تەربىيەلەشتە نۇرغۇن نەرسىلەرنى ئۆگىنىۋالدىم، بىر تۈرلۈك ئىشقا ئورۇنلىشىش ماھارىتىنى ئىگىلەپلا قالماي، ئۆيۈمنى تېخىمۇ رەتلىك، پاكىز تۇتىدىغان بولدۇم.

تەربىيەلەش كۇرسىدا يەنە ئۈچ ئەر كۇرسانت بولۇپ، ئۇلار كەنتتە يېڭىدىن قۇرۇلغان پۇقراۋى قونالغۇ ئېكولوگىيە باغچىسىدا ئىشلەيدىكەن. كەنت ئاھالىسى تۇرغۇن قۇربان بىزگە مۇنداق دېدى: «مەن ئېكولوگىيە باغچىسىدا رېمونتچىلىق قىلىمەن، بىر ئايدا 3000 يۈەن تاپالايمەن. ئاشخانا مۇلازىمىتى ماھارىتىنى ئۆگىنىۋالغاندىن كېيىن، ساياھەتچىلىكنىڭ ئاۋات مەزگىلىدە مۇشۇ ئىشنى قوشۇمچە قىلسام، قانچە كۆپ ئىشلىسەم، شۇنچە كۆپ پۇل تاپالايمەن».

كەپشەرلەش تەربىيەلەش كۇرسى، قول ھۈنەر بۇيۇملىرى تەربىيەلەش كۇرسى... تۆۋەنكى مەكتت كەنتىدىكى ھەربىر ياش ئاڭلىغان دەرسىنىڭ كۆپىيىشىگە ئەگىشىپ، ئاز - ئازدىن بىلىم ۋە ماھارەت توپلاپ، قەدەممۇقەدەم نامراتلىقتىن قۇتۇلۇپ بېيىش يولىدا ماڭماقتا.

# جېنفېڭ يەن - تېخنىكىسى مۇھىم، زور تۈرگە قاتنىشىپ
# 2019 - يىللىق دۆلەت تېخنىكا كەشپىيات مۇكاپاتى بويىچە 2 - دەرىجىلىك مۇكاپاتقا ئېرىشتى

(بېشى 1 - بەتتە)

خۇنەن داشۆ، شياڭدىيەن شامال ئېنېرگىيەسى چەكلىك شىركىتى، شىنجاڭ جېنفېڭ يەن - تېخنىكا پاي چەكلىك شىركىتى قاتارلىق ئورۇنلاردىن تەشكىللەنگەن تۆر كوللېكتىپى ئون نەچچە يىل ئۇزاققىچە چىڭ تۇرۇپ، دىققەتنى چوڭ تىپتىكى بىۋاسىتە قوزغىتىلىدىغان مەڭگۈلۈك ماگنىتلىق شامال كۈچى ئېلېكتر تېخنىكىسىدا دۇچ كەلگەن مۇھىم، زور قىيىن مەسىلىلەرگە مەركەزلەشتۈرۈپ، چوڭ تىپتىكى بىۋاسىتە قوزغىتىلىدىغان مەڭگۈلۈك ماگنىتلىق شامال كۈچى گېنېراتورلار گۇرۇپپىسىنى ئىجادىي كەشىپ قىلىپ، مەڭگۈلۈك ماگنىتلىق شامال ئېلېكتر گېنېراتورلار گۇرۇپپىسىنىڭ بىۋاسىتە قوزغىتىلىدىغان كۈچ ئۇزارتىش يېڭى قۇرۇلمىسىنى تۈنجى يارىتىپ، چوڭ تىپتىكى بىۋاسىتە قوزغىتىلىدىغان گېنېراتورلار گۇرۇپپىسىنىڭ ئەشەنچلىك كۆتۈرۈشچانلىقىدىكى دۇنياۋى قىيىن مەسىلىنى ھەل قىلدى. بىۋاسىتە قوزغىتىلىدىغان مەڭگۈلۈك ماگنىتلىق شامال ئېلېكتر گېنېراتورلار گۇرۇپپىسىدا گېنېراتور شامال كۈچى ئارقىلىق ھەرىكەتلەندۈرىدىغان چاقپەلەك ئارقىلىق بىۋاسىتە قوزغىتىلىپ، چىشلىق چاق ساندۇقى پەيدا قىلىدىغان بىخەتەرلىك، قوغداش قاتارلىق مۇھىم، زور مەسىلىلەر تۈپتىن ھەل قىلىندى.

ئېگىلىنىشچە، بۇ تۈرلۈك تېخنىكا دۆلىتىمىزنىڭ شامال كۈچى ئارقىلىق توك چىقىرىش ئۈسكۈنىلىرىنى تەتقىق قىلىپ ياساش ئىقتىدارىنى زور دەرىجىدە ئۆستۈرۈپ، بىر پۈتۈن تېخنىكىنى خەلقئارا ئىلغار سەۋىيەگە يەتكۈزۈپ، دۆلىتىمىزنىڭ شامال ئېلېكتر كەسپىنىڭ تەرەققىياتىنى ئىلگىرى سۈرگەن. نۆۋەتتە، بىۋاسىتە قوزغىتىلىدىغان مەڭگۈلۈك ماگنىتلىق شامال ئېلېكتر گېنېراتورلار گۇرۇپپىسىنىڭ يەر شارىدىكى 400دىن ئارتۇق شامال ئېلېكتر ئىستانسىسىدا قۇراشتۇرۇلغان ئومۇمىي گېنېراتورى 10 مىڭ يۈرۈشتىن ئاشتى، مەھسۇلاتى ئامېرىكا، گېرمانىيە، فرانسىيە قاتارلىق 20 نەچچە دۆلەتكە ئېكسپورت قىلىنىپ، بىۋاسىتە قوزغىتىلىدىغان مەڭگۈلۈك ماگنىتلىق شامال ئېلېكتر كەسپى تۈرى شەكىللىنىپ، كۆرۈنەرلىك ئىقتىسادىي ۋە ئىجتىمائىي ئۈنۈم ھاسىل قىلدى.

ئۈرۈمچى تاموژنىسىنىڭ 2 - دەرىجىلىك كۆزەتكۈچىسى

# سىبىرقان ئىنتىزام ۋە رېۋىزىيە جەھەتتىن تەكشۈرۈلۈۋاتىدۇ

**ئۆز خەۋىرىمىز** ئۈرۈمچى تاموژنىسىنىڭ 2 - دەرىجىلىك كۆزەتكۈچىسى سىبىرقان ئىنتىزامغا، قانۇنغا ئېغىر خىلاپلىق قىلىش گۇمانى بىلەن، نۆۋەتتە، مەركىزىي ئىنتىزام تەكشۈرۈش كومىتېتى، دۆلەت رېۋىزىيە كومىتېتىنىڭ تاموژنا باش مەھكىمىسىدە تۇرۇشلۇق ئىنتىزام تەكشۈرۈش، رېۋىزىيە گۇرۇپپىسى ۋە شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونلۇق رېۋىزىيە كومىتېتى تەرىپىدىن ئىنتىزام ۋە رېۋىزىيە جەھەتتىن تەكشۈرۈلۈۋاتىدۇ.

(بېشى 7 - بەتتە)

**1) پارتىيەنىڭ ھۆكۈمەت خىزمىتىگە بولغان رەھبەرلىكنى ئومۇميۈزلۈك كۈچەيتىمىز**

شى جىنپىڭنىڭ يېڭى دەۋر جۇڭگوچە سوتسىيالىزم ئىدىيەسى بىلەن مېڭىنى قوراللاندۇرۇش، ئەمەلىيەتكە يېتەكچىلىك قىلىش، خىزمەتلەرگە تۈرتكە بولۇشتا باشتىن - ئاخىر چىڭ تۇرۇپ، يەنىمۇ ئىلگىرىلىگەن ھالدا «تۆت ئاڭ»نى كۈچەيتىپ، «تۆت ئىشەنچ»نى چىڭىتىپ، «ئىككىنى قوغداش»نى ئىشقا ئاشۇرىمىز، سىياسىي قۇرۇلۇشنى تۈپ قۇرۇلۇش قىلىپ، ئەڭ مۇھىم ئورۇنغا قويىمىز، باشتىن - ئاخىر يولداش شى جىنپىڭ يادرولۇقىدىكى پارتىيە مەركىزىي كومىتېتىغا مۇتلەق سادىق بولۇپ، سىياسىي مەيدان، سىياسىي يۆنىلىش، سىياسىي پرىنسىپ، سىياسىي يولدا باشتىن - ئاخىر پارتىيە مەركىزىي كومىتېتى بىلەن يۈكسەك بىردەكلىكنى ساقلاپ، يېڭى دەۋردىكى پارتىيەنىڭ شىنجاڭنى ئىدارە قىلىش تەدبىرىنى ئومۇميۈزلۈك توغرا ئىگىلەپ، ھەرقانداق ۋاقىتتا قەتئىي، كەم - كوتىسىز ھالدا يولداش شى جىنپىڭ يادرولۇقىدىكى پارتىيە مەركىزىي كومىتېتىنىڭ قارار - ئورۇنلاشتۇرمىلىرىنى جايىدا ئەمەلىيلەشتۈرۈپ، ئاپتونوم رايونلۇق پارتكومنىڭ تۈرلۈك خىزمەت ئورۇنلاشتۇرمىلىرىنى جايىدا ئەمەلىيلەشتۈرۈپ، جۇڭگوچە سوتسىيالىستىك شىنجاڭ قۇرۇشنى كۈچلۈك كاپالەتكە ئىگە قىلىمىز.

**2) ھۆكۈمەت ئىدارە قىلىش سىستېمىسى ۋە ئىدارە قىلىش ئىقتىدارى قۇرۇلۇشىنى ئومۇميۈزلۈك كۈچەيتىمىز**

ھۆكۈمەت خەلق ئۈچۈن خىزمەت قىلىش، خەلققە مەسئۇل بولۇش، خەلقنىڭ نازارىتىنى قوبۇل قىلىشتا چىڭ تۇرۇپ، قانۇن بويىچە مەمۇرىيەت يۈرگۈزۈش، مەمۇرىيەت يۈرگۈزۈش ئۇسۇلىدا يېڭىلىق يارىتىش، مەمۇرىيەت ئۈنۈمىنى ئۆستۈرۈشنى داۋاملىق ئالغا سىلجىتىمىز. ھۆكۈمەتنىڭ مەسئۇلىيەت سىستېمىسى ۋە تەشكىلىي قۇرۇلمىسىنى يەنىمۇ سەرخىللاشتۇرۇپ، ھۆكۈمەتنىڭ ئىقتىسادنى تەڭشەش، بازارنى نازارەت قىلىش - باشقۇرۇش، ئىجتىمائىي ئىشلارنى باشقۇرۇش، ئاممىغا مۇلازىمەت قىلىش، ئېكولوگىيەلىك مۇھىتنى قوغداش قاتارلىق فۇنكسىيەلىرىنى مۇكەممەللەشتۈرىمىز. مەسئۇلىيەتنى ئومۇميۈزلۈك قانۇن بويىچە ئادا قىلىشتا چىڭ تۇرۇپ، ئاساسىي قانۇن، قانۇنلارغا قەتئىي ئەمەل قىلىپ، ھۆكۈمەت ھەرىكىتىنى پۈتۈنلەي قانۇنچىللىق يولىغا سېلىپ، ھوقۇقنى ئاشكارا يۈرگۈزىمىز، فۇنكسىيەسى ئېلمىي، ھوقۇق - مەسئۇلىيىتى قانۇندا بەلگىلەنگەن، قانۇننى قاتتىق ئىجرا قىلىدىغان، ئاشكارا - ئادىل، پاك - ئۈنۈملۈك، قانۇنغا رىئايە قىلىدىغان، لەۋزىدە تۇرىدىغان قانۇنچىل ھۆكۈمەت قۇرۇش قەدىمىنى تېزلىتىمىز. مۇلازىمەتچان ھۆكۈمەت قۇرۇلۇشىنى كۈچەيتىپ، مۇلازىمەت بېجىرىشنى قولايلاشتۇرۇش ۋە مۇلازىمەت بىلەن تەمىنلەشنى ئىنچىكىلەشتۈرۈشنى ئىلگىرى سۈرۈپ، ھۆكۈمەت مۇلازىمىتىنىڭ سۈپىتى ۋە سەۋىيەسىنى ئۆستۈرىمىز. ئىلمىي، دېموكراتىك، قانۇن بويىچە تەدبىر بەلگىلەشتە چىڭ تۇرۇپ، تۈرلۈك تەدبىرلەرنى ئاپتونوم رايونىمىزنىڭ ئاساسىي ئەھۋالى ۋە ئوبيېكتىپ ئەمەلىيىتىگە ئۇيغۇنلاشتۇرۇپ، ئەمەلىيەتكە تېخىمۇ يېقىنلىشىپ، ئاممىنىڭ ئارزۇسىغا تېخىمۇ لايىقلىشىمىز. مەمۇرىي قانۇن ئىجرا قىلىش مەسئۇلىيەت تۈزۈمى ۋە مەسئۇلىيەت سۈرۈشتۈرۈش تۈزۈمىنى ئومۇميۈزلۈك ئەمەلىيلەشتۈرۈپ، قانۇن - قائىدىلەرگە خىلاپ بارلىق قىلمىشلارنى قەتئىي تەكشۈرۈپ بىر تەرەپ قىلىپ، قانۇننى ئادىل، مەدەنىي ئىجرا قىلمايدىغان بارلىق ھادىسىلەرنى قەتئىي تۈزەپ، مەمۇرىي مەسئۇلىيىتىنى ئادا قىلمىغانلارنىڭ مەسئۇلىيىتىنى قەتئىي سۈرۈشتۈرىمىز!

**3) ھۆكۈمەتنىڭ ئىستىل قۇرۇلۇشىنى ئومۇميۈزلۈك كۈچەيتىمىز**

ھەقىقەتنى ئەمەلىيەتتىن ئىزدەشتە چىڭ تۇرۇپ، ئوبيېكتىپ قانۇنىيەتكە ھۆرمەت قىلىپ، سىياسەتنى ئاددىي، مېخانىك ئىجرا قىلىشتىن، «ھەممىنى بىر تاياقتا ھەيدەش»تىن قەتئىي ساقلىنىمىز. ئۇلۇغۋار روھ بىلەن ئەمەلىي ئىشلەش، جاپاغا چىداش، مىخ قېقىش روھى بىلەن ئەمەلىيلەشتۈرۈشنى چىڭ تۇتۇش، ئەمەلىيەتچىل بولۇش، ئەمەلىي ئۈنۈم ھاسىل قىلىشقا كۈچ سەرپ قىلىمىز. شەكىلۋازلىق ۋە بيۇروكراتلىققا ياتىدىغان گەۋدىلىك مەسىلىلەرنى كۈچەپ ھەل قىلىپ، خىزمەتتە كۆپتۈرمىچىلىك، يۈزەكىلىك، شەكىلۋازلىق قىلىشنىڭ قەتئىي ئالدىنى ئالىمىز، شوئارنى جاھاننى زىلزىلىگە كەلتۈرگۈدەك توۋلاپ، ئەمەلىيلەشتۈرۈشكە كۈچ چىقارماسلىق ھەمدە يۇقىرىنى ئالداپ تۆۋەندىن يوشۇرۇش، ساختىپەزلىك قىلىش قاتارلىق قىلمىشلارنىڭ قەتئىي ئالدىنى ئالىمىز. خەلقنى مەركەز قىلىدىغان تەرەققىيات ئىدىيەسىدە چىڭ تۇرۇپ، باشتىن - ئاخىر خەلقنىڭ مەنپەئەتىنى ئەڭ ئۈستۈن ئورۇنغا قويۇپ، «ئەسلىي مەقسەتنى ئۇنتۇماي، بۇرچنى ئەستە چىڭ ساقلاش» باش تېما تەربىيەسىنىڭ نەتىجىلىرىنى مۇستەھكەملەپ، ھۆكۈمەت ئىستىلىنىڭ سىجىل ياخشىلىنىشىغا تۈرتكە بولىمىز!

**4) پاك ھۆكۈمەت قۇرۇلۇشىنى ئومۇميۈزلۈك كۈچەيتىمىز**

پارتىيە ئىستىلى، پاكلىق قۇرۇلۇشىدىكى سۇبيېكتلىق مەسئۇلىيىتىمىزنى ئەستايىدىل ئادا قىلىپ، پارتىيە ئىستىلى، پاكلىق قۇرۇلۇشى خىزمىتى مېخانىزمىنى مۇكەممەللەشتۈرۈپ، ھۆكۈمەت سىستېمىسىنىڭ پارتىيە ئىستىلى، پاكلىق قۇرۇلۇشىنى ۋە چىرىكلىككە قارشى تۇرۇش كۈرىشىنى چوڭقۇر ئالغا سىلجىتىپ، تۈرلۈك چىرىكلىشىش قىلمىشلىرىنى قاتتىق جازالاپ، ھۆكۈمەتنىڭ ئاممىنىڭ ئىشەنچىگە ئېرىشىش كۈچىنى يەنىمۇ ئاشۇرىمىز. بازار سۇبيېكتلىرىنى تېخىمۇ ھاياتىي كۈچكە، ئاممىنى تېخىمۇ ياخشى تۇرمۇشقا ئېرىشتۈرۈش ئۈچۈن، ھەر دەرىجىلىك ھۆكۈمەتلەر جەزمەن ھەقىقىي تۈردە غورىگىل كۈن كەچۈرۈشىمىز، تېجەشچان ئورگان قۇرۇلۇشىنى كۈچەيتىپ، مەيلى كۈندىلىك چىقىم، ئاممىۋى قۇرۇلۇش بولسۇن، مەيلى كۆرگەزمە، يىغىن ئۇيۇشتۇرۇش بولسۇن، ھەممىسىدە تېجەشلىك بولۇپ، بەتخەجلىك، ئىسراپخورلۇققا قارشى تۇرۇپ، مالىيە مەبلىغىنى ھەقىقىي تۈردە نەق جايىغا ئىشلىتىشىمىز لازىم!

ھۆرمەتلىك ۋەكىللەر! بىز جۇڭخۇا مىللىتىنىڭ ئۇلۇغ گۈللىنىشىدىكى «ئىككى 100 يىل»نىڭ تارىخىي ئۇچرىشىش نۇقتىسىدا تۇرۇۋاتىمىز. ئۇرغۇدى غەيرەت ئۇلۇغ دەۋردىن، كېلىدۇ غەلىبە پەقەت كۈرەشتىن! بىز يولداش شى جىنپىڭ يادرولۇقىدىكى پارتىيە مەركىزىي كومىتېتىنىڭ ئەتراپىغا تېخىمۇ زىچ ئۇيۇشۇپ، شى جىنپىڭنىڭ يېڭى دەۋر جۇڭگوچە سوتسىيالىزم ئىدىيەسىنى يېتەكچى قىلىپ، پارتىيە 19 - قۇرۇلتىيى ۋە پارتىيە 19 - نۆۋەتلىك مەركىزىي كومىتېتى 2 -، 3 -، 4 - ئومۇمىي يىغىنلىرىنىڭ روھىنى چوڭقۇر ئىزچىللاشتۇرۇپ، ئەمەلىيلەشتۈرۈپ، باش شۇجى شى جىنپىڭنىڭ شىنجاڭ خىزمىتى توغرىسىدىكى مۇھىم سۆزلىرى ۋە مۇھىم كۆرسەتمىلىرى، تەستىقى يوليورۇقلىرىنىڭ روھىنى ئىزچىللاشتۇرۇپ، ئەمەلىيلەشتۈرۈپ، يېڭى دەۋردىكى پارتىيەنىڭ شىنجاڭنى ئىدارە قىلىش تەدبىرىنى، بولۇپمۇ ئىجتىمائىي مۇقىملىق ۋە ئەبەدىي ئەمىنلىك باش نىشانىنى ئىزچىللاشتۇرۇپ، ئەمەلىيلەشتۈرۈپ، ئاپتونوم رايونلۇق پارتكومنىڭ كۈچلۈك رەھبەرلىكىدە، ئەسلىي مەقسەتنى ئۇنتۇماي، بۇرچنى ئەستە چىڭ ساقلاپ، قىيىنچىلىقنى يېڭىپ ۋە يول ئېچىپ ئالغا ئىلگىرىلەپ، 13 - بەش يىللىق يىرىك پىلاننى ئومۇميۈزلۈك تاماملاشقا ھەقىقىي كاپالەتلىك قىلىپ، پۈتۈن ئاپتونوم رايوندىكى ھەر مىللەت ئاممىنىڭ پۈتۈن مەملىكەت خەلقى بىلەن تەڭ ھاللىق جەمئىيەتكە قەدەم قويۇشىغا ھەقىقىي كاپالەتلىك قىلىپ، ئىتتىپاق - ئىناق، گۈللەنگەن - باياشات، مەدەنىي - ئالغا ئىلگىرىلىگەن، خاتىرجەم ياشايدىغان جۇڭگوچە سوتسىيالىستىك شىنجاڭ قۇرۇش، جۇڭخۇا مىللىتىنىڭ ئۇلۇغ گۈللىنىشىدىن ئىبارەت جۇڭگو ئارزۇسىنىڭ شىنجاڭ سەھىپىسىنى يارىتىش ئۈچۈن تىرىشىپ كۈرەش قىلايلى!